مەن ۋە ۋەتىنىم

بىز ياخشى دەۋرگە ئۇلاشتۇق

☐ **پەرھات قاسىم**

كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا - ئانامدىن ئاڭلىشىمچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بەزىلەر تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدىكەن، بەزىلەر چوڭ بولغۇچە ئاياغ كىيىپ باقمىغان ئىكەن، بەزىلەرنىڭ قىشتا كىيىدىغان پاختىلىق چاپىنى، يېپىنىدىغان يوتقىنى يوق ئىكەن، يەنە بەزىلەر پاكار كەپىلەردە ئولتۇرىدىكەن.

بۇلار ئاللىقاچان مەڭگۈلۈك ئۆتمۈشكە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز ھاياجانلاندىم: بىز بەختلىك، بىز گۇۋاھچى، تېخىمۇ مۇھىمى مەنپەئەتلەنگۈچى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يېزا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئەلا نەتىجە بىلەن سەفەن مەكتەپكە ئۆتتۈم. ئوقۇشۇمنى تاماملىغاندىن كېيىن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم، 1986 - يىلىدىن باشلاپ تاكى پېنسىيەگە چىققۇچە بايىنغولىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىزچىل ئاخبارات تەشۋىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم.

كىچىك ۋاقتىمدىكى ئەسلىمەمدە، «كىيىنىش، تويۇنۇش» كىشىلەر دائىم تىلغا ئالىدىغان ئىككى خەت بولۇپ، ئاتا - ئانامۇ دائىم كۈندەلىك قورساقنىڭ غېمىنى قىلاتتى. تاكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىلا بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئاندىن ئاچ قورساق قېلىشتىن قۇتۇلدۇق.

ئاتا - ئانامنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى گەرچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىزچىل پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار دائىم ماڭا ۋە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىمغا چوقۇم پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىشنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ياخشى ئۆگىنىشنى تاپىلايتتى. گەرچە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولمىسىمۇ، ئاتا - ئانام ھەمىشە ئوقۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تەييارلاپ بولاتتى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاتا - ئانام جاپالىق ئىشلەپ، كۆپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

ياماق سېلىنغان كىيىملەرنى كىيىدىغان، ئوتۇن تېرىپ ئوت قالايدىغان، ۋېلىسىپىت مىنىدىغان، خەت - چەك يوللايدىغان، چوكموز يەيدىغان، جىلدىرلىما ئوينايدىغان كۈنلەر ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلاندى، لېكىن بۇلار ھەقىقەتەن بىز ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ئىشلار.

70 يىلدا، جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى، پەقەت تۇرالغۇ ۋە يول يۈرۈش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلا كىشىنى ھەيران قالدۇردۇ: ئىلگىرى شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر قەۋەتلىك ئۆيدە ئولتۇراتتى، كېيىن ئارقا - ئارقىدىن بىنا ئۆي، ئېگىز قەۋەتلىك بىنا ياكى داچىغا كۆچۈپ كىردى؛ ئىلگىرى سىرتقا چىققاندا پىيادە مېڭىشقا ياكى ۋېلىسىپىت مىنىشكە، ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، ھازىر نۇرغۇن ئائىلىنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلى بار بولدى؛ يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز، ئايروپىلان قاتارلىق قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىزلىرىمىزنى قالدۇردۇق.

ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ يورۇق، ئازادە، ھاۋا تەڭشىگۈچ بار سىنىپتا دەرس ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمنىڭ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالىمەن. ئۇ چاغدا قىشتا بىز مەشكە ئوت قالايدىغان سىنىپتا مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتۇق، مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى چۆل - جەزىرىلەردىن ئوتۇن تېرىپ كېلىشكە تەشكىللەيتتى. پات - پات توك توختاپ قالىدىغان بولغاچقا، بىز كىرسىن چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن شۇ يىلى دادام پېنسىيەگە چىقىپ، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆيىمىزگە بىر رەڭسىز تېلېۋىزور سېتىۋالغاندۇق. شۇنىڭ بىلەن، ھەر كۈنى كەچتە قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆيگە تېلېۋىزور كۆرگىلى كىرىدىغان بولغانىدى.

ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك ئۆزگىرىشلەر بولمىغان بولاتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. مەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىمدە، دائىم ئۆز تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمنى باللىرىمغا، نەۋرىلىرىمگە سۆزلەپ بېرىشنى ئويلايمەن.

ھازىرقىغا قاراپ ئۆتمۈشنى ئەسلىسەم، ناھايىتى تەلەيلىك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمەن، بىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭ دولقۇنىغا ئۇلاشتۇق، ۋەتىنىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىمدە تېخىمۇ مىننەتدار بولىمەن، كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ دانالىقىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ غايەت زورلۇقىغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ چىڭىيدۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش قەلبىمدە ئىختىيارسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ بەخت تۇيغۇسىغا، قانائەتلىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولىمەن.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز كەلگۈسىگە نىسبەتەن قايناق ھېسسىياتقا، ئىشەنچكە تولدۇق.

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «غەربىي قىسىم» ژۇرنىلىنىڭ «مەن ۋە ۋەتىنىم» تېمىسىدىكى ماقالە قوبۇل قىلىشقا تاللانغان ماقالە)

ئەخمەتجان قاسىمى: شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش قىلىش

(بېشى 5 - بەتتە)

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇ: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسەتكەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ دىخۇادىن غۇلجىغا قايتىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلغان.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدا «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى»(قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» دېيىلىدۇ)نى رىياسەتچىلىك قىلىپ قۇرغاندا، قەتئىيلىك بىلەن «شىنجاڭ» دېگەن بۇ نامنى قوللىنىشنى قارار قىلغان.

شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت مەسىلىسىدە ئۆتكۈزگەن ئېغىر خاتالىقى ئۈستىدە يەنىمۇ ئويلىنىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى «شىنجاڭ ئىتتىپاقى»غا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىدىيە جەھەتتە تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىنى تەكىتلەپ، ھەرقانداق بىر مىللەتنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان.

ئەخمەتجان قاسىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئاممىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان. ئۇ «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ۋە ‹شىنجاڭ ئىتتىپاقى›» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن، ئۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېگەن: «بىز خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلبىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلبىسى دەپ قارايمىز. شۇڭا، بىز ئەڭ يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈملۈك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە رەھمىتىمىزنى ۋە ھاياجىنىمىزنى بىلدۈرىمىز».

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئۇ بەختكە قارشى قازا قىلغان، ئەينى يىلى 35 ياشتا ئىدى.

ئىسھاقبېك مونونوف: قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ مەدھىيەلىنىدۇ

(بېشى 5 - بەتتە)

مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان، خەنزۇ يېتىم بالىنى بېقىۋالغان، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنى قۇرۇش ۋە زورايتىش ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈرىشىنىڭ غەلبە قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان، ئىسھاقبېك مونونوف ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداشنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى بولۇپ، 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئوسمان ئىسلام، خالىبېك رېھىمبېك خوجابېكنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قوماندانلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە بازىنى مۇستەھكەملەپ ۋە قوغداپلا قالماي، بەلكى 100 مىڭ كىشىگە يېقىن گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ جىيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىنى توسۇپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى، بولۇپمۇ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك ماسلاشقان.

1948 - يىلى 8 - ئايدا، ئىسھاقبېك مونونوف «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئاممىغا، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيەدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئۈزلۈكسىز ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تەربىيەسى بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان، 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئۇ بەختكە قارشى قازا قىلغان، ئەينى يىلى 47 ياشتا ئىدى.

لو جى: شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش

(بېشى 5 - بەتتە)

ئۇ بۇ مەزگىلدە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «ئىنقىلابىي نەزەرىيەنى ئۆگىنىپ، مۇستەھكەم ئىنقىلابىي ئىشەنچنى تۇرغۇزۇپ، دەھشەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.» «ئىنقىلابتا چوقۇم توغرا ئىدىيەنى ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن خاتا ئىنقىلاب قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.» «بارلىق ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنىڭ مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، ئەگەر ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى بۇ خىل ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ چاغدا ئىنقىلاب بولماي قالىدۇ».

لو جى شىنجاڭ شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپتە قېلىپ خىزمەت قىلغان، كېيىن يەنە ئۆلكىلىك تولۇقسىز سەفەن مەكتىپىنىڭ تەرتىپ مۇدىرى، قوشۇمچە دىخۇا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. لو جى كۆپ قېتىم تۈرمىگە كىرگەن.

1946 - يىلى 3 - ئايدا، لو جى دىخۇادىكى تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى تەشكىلاتى «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، لو جى شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىغا كىرىپ خىزمەت قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، لو جى دىخۇادا قېلىپ يەر ئاستى كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى تەشكىلاتى «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيەسى» دىخۇا رايونلۇق كومىتېتى («جەڭگىۋارلار تەشكىلاتى»)نىڭ «كۆرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ئۇ «گېڭ كې» تەخەللۇسى بىلەن «كۆرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلغان ھەم دىخۇا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لو جى غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، لو جى قاتارلىق بەش يولداش بەختكە قارشى قازا قىلغان. شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە تېشى تۇرغۇزۇلغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانغا ئابىدە يازمىسى يېزىپ بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، لو جىنىڭ ئەسلى تۇرالغۇسى گاۋمىڭ رايونىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى بولۇپ، 2010 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گاۋمىڭ رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ياڭخې بازىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھازىر لو جىنىڭ ئەسلى تۇرالغۇسىنى رېمونت قىلىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلەۋاتىمىز، كۈندىلىك ئاسراشتىن سىرت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە داڭلىق لايىھەلەش، رېمونت قىلىش شىركەتلىرىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدۇق، مۆلچەرىمىزچە، 2019 - يىلى 6 - ئايدا لايىھە تاماملىنىپ، 2020 - يىلى چاغاندىن ئىلگىرى، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئەسلى تۇرالغۇنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كەڭ ئاممىغا ئېچىۋېتىلىشى مۇمكىن.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف: مەڭگۈ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ مېڭىش

(بېشى 5 - بەتتە)

تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. شۇ مەزگىلدە، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، خەنزۇ ئاممىسىنى قوغدايدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان نۇرغۇن خىزمەتنى ئىشلىگەن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلغار كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلغان.

ئۇ يەنە زامانغا لايىق بولمىغان بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە قاتمۇقات توسالغۇلارنى يېڭىپ، مەسلەكداش خەنزۇ قىز لۈ سۇشىن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇر مىللىتى، خەنزۇ مىللىتى ھەممىمىز جۇڭگولۇق. جۇڭگولۇق بىلەن جۇڭگولۇق مۇھەببەتلەشسە، توي قىلسا، بۇ ناھايىتى نورمال ئىش.» «ھەرقايسى مىللەتلەر يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك».

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇپ، 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى»نى پائال ئىزچىللاشتۇرغان، ئەمەلىيلەشتۈرگەن. 1946 - يىلى 12 - ئايدا، نەنجىڭغا بېرىپ «مىللىي مەجلىس»كە قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئورنىغا كۆپ قېتىم مەخپىي بېرىپ، دۇڭ بىۋۇغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «مەن پەقەت پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆرەش قىلسىلا، ھەقىقىي جەڭچى بولالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، ھەقىقىي كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلىنىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن!»

1947 - يىلى 2 - ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف دىخۇادا خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئورتاق قارشى تۇرىدىغان، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىلغار يەر ئاستى تەشكىلاتى «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيەسى»نى رىياسەتچىلىك قىلىپ قۇرغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ دىخۇادىن غۇلجىغا قايتىپ، 1948 - يىلى 8 - ئايدا «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە خەۋەر - ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلغار كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت مەسىلىسىدە ئۆتكۈزگەن ئېغىر خاتالىقى ئۈستىدە يەنىمۇ ئويلىنىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئاممىغا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تەربىيەسى بېرىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئاممىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئۇ بەختكە قارشى قازا قىلغان، ئەينى يىلى 28 ياشتا ئىدى.

دەلىلقان سۇگۇربايېۋ: باشتىن - ئاخىر پارتىيەگە ئەگەشكەن قازاق مىللىتىدىن چىققان ئىنقىلابىي قۇربان

(بېشى 5 - بەتتە)

دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئاشەندە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىلدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان. ئۇ سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئالتايدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا مۇنداق دېگەن: «ھەر مىللەت، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش كېرەك.» ئۇ ئاشەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ «خەنزۇ پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدىكى قارار»نى رىياسەتچىلىك قىلىپ ماقۇللىغان ھەم ئۆزى بىر خەنزۇ يېتىم بالىنى بېقىۋالغان.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئاشەن ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلغان، مىللىي ئارمىيەنى باشلاپ باندىت ئوسمان ئىسلامنىڭ ئاشەن ۋىلايىتىگە قىلغان ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلغان ھەم بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاشەن ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ئۆزى باشچىلىق قىلىپ ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش ئەمگەكلىرىگە قاتناشقان. ئۇ ئەمگەككە قاتناشقان ھەر مىللەت ئاممىغا مۇنداق دېگەن: «بارلىق خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دېموكراتىك سىياسىي ئاساسىدا، ئارقىدا قالغان خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىشى كېرەك».

دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئاشەندىكى كادىرلار، ئاممىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسىنى پائال تەشۋىق قىلغان، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلبىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەشۋىق قىلغان، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ مېڭىشتىلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توغرا تاللىشى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئاندىن چىقىش يولى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى چىڭ تۇرغان يۆنىلىش ۋە يولغا قويغان سىياسەتلەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى 450 مىليون خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا بىز يېقىن كەلگۈسىدە مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز».

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئۇ بەختكە قارشى قازا قىلغان، ئەينى يىلى 43 ياشتا ئىدى.